# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىككە پۈۋلەشتىن قەتئىي چەكلىدى

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىككە پۈۋلەشتىن چەكلىدى. بىر كىشى: ئەگەر قاچىدا تويىدەك بىر نەرسە كۆرۈپ قالسامچۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى تۆكۈۋەتكىن، دىدى. ئۇ: مەن بىر تىنىپ ئىچىش بىلەن قانمايمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداقتا قاچىنى ئاغزىڭدىن يىراق قىلغىن، دىدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام مالىك"مۇئەتتا"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىككە پۈۋلەشتىن چەكلىۋىدى، بىر كىشى ئۇنىڭدىن: ئى رەسۇلۇللاھ توپىغا ئوخشاش بىر نەرسىلەر ئىچىملىككە چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىنسان سۈنى پۈۋلەپ قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق نەرسە چۈشۈپ قالغان سۇنى تۆكۈۋەتكىن، ئەمما ئۇنىڭغا پۈۋلىمىگىن، دېدى. ئاندىن ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر تىنىپ ئىچىش بىلەن قانمايدىغانلىقىنى دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قاچىنى ئاغزىدىن يىراق قىلىپ، نەپەس ئېلىپ ئاندىن قايتا ئىچىشكە بۇيرىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5453

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee